# پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئەنسارىيلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:«ئۇلارنى پەقەت مۇئمىنلا ياخشى كۆرىدۇ، پەقەت مۇناپىقلار ئۆچ كۆرىدۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەنلەرنى ئاللاھ تائالامۇ ئۆچ كۆرىدۇ

بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئەنسارىيلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:«ئۇلارنى پەقەت مۇئمىنلا ياخشى كۆرىدۇ، پەقەت مۇناپىقلار ئۆچ كۆرىدۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەنلەرنى ئاللاھ تائالامۇ ئۆچ كۆرىدۇ».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مەدىنە ئەھلىدىن بولغان ئەنسارىيلارنى ياخشى كۆرۈش كامالىي ئىمانىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ، بۇنداق بولۇشى: ئۇلارنىڭ دىنغا، ئىسلامغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ياردەم بېرىشتە ۋە مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق قىلغانلىقى، ئاللاھ يولىدا ماللىرى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلغانلىقىدىندۇر، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈش بولسا، مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئەنسارىيلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەن كىشىنى ئاللاھنىڭ ئۆچ كۆرۈدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3438